قەلب ساداسى

# تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ ياخشى - ياخشى ئەمەسلىكى بىزگە ئەڭ ئايان

□ ئاقسۇ شەھىرىدىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى مۇرات ئەمەت

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى بىر ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى «جازا لاگېرى» دەپ ئەيىبلىدى، مەن بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندىم. ئامېرىكا تەرەپ قالايمىقان جۆيلۈپتۇ، تەلىم - تەربىيە مەركىزى ھەرگىز قانداقتۇر «جازا لاگېرى» ئەمەس، بەلكى تەربىيەلەنگۈچىلەرگە ئۈمىد ۋە بەختلىك تۇرمۇش ئېلىپ كېلىدىغان مەكتەپ. مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئوقۇدۇم، ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە قارا چاپلىشى، بوھتان چاپلىشىغا چىداپ تۇرالمايمەن، مەن كۆپچىلىككە ئۆزۈمنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەي.

مەن بۇ يىل 25 ياشقا كىردىم، دادام كىچىك ۋاقتىمدىلا تۈگەپ كەتكەن، ئاپام مېنى ئۆزى يالغۇز بېقىپ چوڭ قىلدى. مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا، ئويۇنغا بېرىلىپ كېتىپ ئوقۇشتىن توختاپ قالدىم. بۇ يىللاردا مەن ساتىراشلىقنى ئۆگەندىم، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىشنى ئۆگەندىم، باققاللىق قىلدىم، يەنە نىمكەش ئاپتوموبىل ئېلىپ ساتتىم، ئىزچىل تىرىشىپ پۇل تېپىپ ئاپامنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرمەكچى بولدۇم.

2015 - يىلىغا كەلگەندە، سودام ناھايىتى يۈرۈشۈپ كەتتى، ئالاقە دائىرەممۇ كېڭەيدى. شۇ يىلى ئەتىيازدا، سودا قىلىپ يۈرۈپ تونۇشۇپ قالغان بىر قانچە «دوستۇم» ماڭا سىرلىق تۈردە زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى تەرغىب قىلىنغان بىر قىسىم سىن فىلىملىرىنى ئەۋەتىپ بەردى، بەزى سىن فىلىملىرىدە بومبا ياساشنى ئۆگىتىپتۇ، بەزىلىرىدە «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» دېيىلىپ، زوراۋانلىق ئارقىلىق «كاپىرلار»نى قوغلاپ چىقىرىپ، «مۇستەقىل»لىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا قۇترىتىپتۇ. قانۇن ئېڭىم ئاجىز، ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىم كەمچىل بولغانلىقتىن، بۇنداق سىن فىلىملىرىنى كۆپ كۆرۈپ، ئىدىيەم ئاستا - ئاستا ئۆزگەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن يەيدىغان، ئىشلىتىدىغان، كىيىدىغان نەرسىلەرنىڭ قانداقلىقىنىلا سېتىۋالماي، ئۆزۈم «كاپىرلار»نىڭ ئەمەس دەپ قارىغان دۇكانلاردىنلا سېتىۋالدىم، يەنە سودىدىكى ھەمراھلىرىمنى «كاپىرلار» بىلەن بېرىش - كېلىش قىلماسلىققا دەۋەت قىلدىم، ئاپامغا ھۆكۈمەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ماددىي ئەشيالىرىنى ئالغۇزمىدىم.

دىنىي ئەسەبىزمدە پەقەت ئاتالمىش «دىنىي قائىدە»گە ئەمەل قىلىپ، «غازات» ئېلىپ بارغاندىلا، جەننەتكە كىرگىلى بولىدۇ، دېيىلىدىكەن. مەن ئەينى چاغدا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، سودا قىلىشقىمۇ رايىم بارمىدى.

مېنىڭ ئىپادەم ئاپامنى ئەنسىرىتىپ قويدى، ئۇ مېنىڭ يامان يولغا مېڭىپ قېلىشىمدىن قورقۇپ، يىغلاپ تۇرۇپ ماڭا تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئوقۇش، كاللامدىكى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى يوقىتىش توغرىلىق نەسىھەت قىلدى. 2018 - يىلى 6 - ئايدا، مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ ئوقۇدۇم.

ئاقسۇ شەھىرىدىكى تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كېلىشتىن بۇرۇن، مەن نىمكەش ئاپتوموبىل سودىسى قىلىۋاتاتتىم، قولۇمدا نەچچە ئاي سېتىلماي قالغان تۆت ئاپتوموبىل بار ئىدى، تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بۇ ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغاندىن كېيىن، تەلىم - تەربىيە مەركىزى ماڭا ياردەملىشىپ ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسىنى سېتىشىپ بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈشۈش باھاسىمۇ تۆۋەن بولمىدى.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئوقۇغان ئاشۇ چاغلار مەن ئەڭ خۇشال ئۆتكەن كۈنلەر. مەركەزدە ياپىپېشىل دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، ھەممىلا جايدا كىتاب ئوقۇغان ئاۋاز، خۇشال ناخشا، كۈلكە سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، مېنىڭ ھېس قىلغىنىم مەدەنىيلىك، ئىناقلىق، كۆرگىنىم تەرتىپلىك ئىشلار بولدى. بىزنىڭ ياتىقىمىزدا تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى تەل ئىدى، سىنىپلارغا زامانىۋى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى سەپلەنگەن، پائالىيەت ئۆيىدە تۈرلۈك پائالىيەت، چېنىقىش ئۈسكۈنىلىرى بار ئىدى، داۋالاش ئۆيىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان دورا ۋە داۋالاش سايمانلىرى بار بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەر ئاغرىپ قالسا ھەر ۋاقىت داۋالاش ئۆيىگە بېرىپ داۋالىنالايتتى.

بىزنىڭ تەربىيەلەش مەركىزىدىكى بارلىق يەيدىغىنىمىز، ئىشلىتىدىغىنىمىز، ياتىقىمىز، يۇيۇنۇشىمىزنىڭ ھەممىسى ھەقسىز ئىدى، بىز يەنە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇنغا ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشكە ئائىت ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تاپشۇرۇۋالدۇق، بىزدىن بىر پۇڭمۇ پارچە ئوقۇش خىراجىتى ۋە كىتاب پۇلى ئالمىدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىزگە ئۆزلىرىنىڭ باللىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدى، بىزگە سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم بەردى، بىزنى ئۆز خاتالىقلىرىمىزنى ئېنىق تونۇشقا تەربىيەلىدى، يېتەكلىدى. ھەر قېتىم تەربىيەلەنگۈچىلەر تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزگەندە، ئوقۇتقۇچىلار تۇغۇلغان كۈن تورتى تەييارلاپ، كۆپچىلىكنى بىرلىكتە تۇغۇلغان كۈن ئۆتكۈزۈشكە تەشكىللىدى، بىزگە كۆيۈندى ۋە ئىللىقلىق يەتكۈزدى. بىز ھەر ھەپتىدە ئۆيىمىزگە قايتىپ دەم ئالالدۇق، ئەگەر ئائىلىمىزدە جىددىي ئىش چىقىپ قالسا، ھەر ۋاقىت رۇخسەت سوراپ ئىشىمىزنى بېجىرەلدۇق، يەنە ھەر ۋاقىت ئائىلىمىزدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردۇق، ئائىلىمىزدىكىلەرمۇ مەكتەپكە كېلىپ بىزنى يوقلىدى.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، مەن دىنىي ئەسەبىزمنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم، ئەسەبىي ئىدىيەنى تۈگىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتىم؛ «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سەپسەتە ئىكەنلىكىنى، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئالداپ، قايمۇقتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن توقۇپ چىققان سەپسەتە، يالغان سۆز ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتتىم.

مەن سىنىپتا ئىنتايىن قىزىقىپ ئۆگەندىم، شۇنداقلا ئەتراپىمدىكى ساۋاقداشلىرىمغا خۇشاللىق بىلەن ياردەم بەردىم، ناھايىتى تېزلا سىنىپ باشلىقلىقىغا سايلاندىم. ئون ئاي ئۆگىنىش ئارقىلىق، 2019 - يىلى 4 - ئايدا، مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىدىم.

ئاپام گىرىم بۇيۇملىرىنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، مەن بىر گىرىم بۇيۇملىرى سۈپەتلىك ماركىسىنى يارىتىپ، ئاپامنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاشنى ئويلاشتىم، شۇڭا تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن بىر گىرىم بۇيۇملىرى شىركىتىدە تەكلىپ بىلەن ئىشلەپ، بۇ جەھەتتە تەجرىبە توپلاشنى ئارزۇ قىلدىم. تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئائىلىمىزدە خۇشاللىق ئىشلار ئۈزۈلمىدى، 8 - ئايدا مەن توي قىلدىم، كۈزدە نەۋرە ئاكام بىلەن بىرلىشىپ ئاچقان ساتىراشخانا ۋە گىرىم بۇيۇملىرى دۇكىنىمىزمۇ تىجارەت باشلىدى. ئاپام خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ مېنى ماختاپ، تىرىشچان، ئەقىللىق مۇرات يەنە قايتىپ كەلدى، دېدى.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كەچۈرمىشى مېنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بىز چىن قەلبىمىزدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىزنى ھاڭ لېۋىدىن قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. شۇڭا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بوھتان چاپلىشىغا، قارا چاپلىشىغا ھەرگىز قوشۇلمايمىز. ئامېرىكىلىقلار ئاغزىنى يۇمسۇن، تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ ياخشى - ياخشى ئەمەسلىكى بىز تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئەڭ ئايان.

# پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوغلۇمغا ئىككىنچى قېتىم ھاياتلىق بەرگىنىگە رەھمەت

□ قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ بازىرىنىڭ ئاھالىسى تۇنساگۈل مەمەت

مەن بۇ يىل 62 ياشقا كىردىم، ئۆيۈم قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ بازىرى ئالغا كەنتىدە. مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوغلۇم رۇستەم مەمەتكە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىگە قاتنىشىش پۇرسىتى بەرگەنلىكى، ئۇنى قۇتقۇزۇپلا قالماي، پۈتۈن ئائىلىمىزنىمۇ قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئوغلۇم رۇستەم ئىلگىرى خاتا ھالدا ھۆكۈمەت بەرگەن كىنىشكىنىڭ ھەممىسىنى «كاپىرلار» ياسىغان، «كاپىرلار» ياسىغان مەھسۇلاتنى قەتئىي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، دەپ قاراپ، ئۆيىدىكى ھۆكۈمەت بەرگەن كىنىشكىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، ئۆزى ھۆكۈمەت خىزمەتچى خادىملىرى بىلەن ئالاقە قىلمىغاندىن سىرت، بىزنىمۇ ھۆكۈمەت خىزمەتچى خادىملىرى بىلەن ئالاقە قىلغىلى قويمىغانىدى. ماڭا ھۆكۈمەت تارقاتقان تۈرلۈك ياردەم تولۇقلىمىلارنى ئالغىلى قويمىغان، ھەتتا بۇ ئىش ئۈچۈن مەن بىلەن سوقۇشقان، مەن ئەتكەن تاماقنى يېمىگەن، مەن يۇيۇپ بەرگەن كىيىمنى كىيمىگەن، مەن بىلەن ئانا - باللىق مۇناسىۋەتتىن كېچىمەن، دېگەنىدى.

مەن ئىلگىرىكى ئىش ئۇقىدىغان، ۋاپادار ئوغلۇمنىڭ بۇنچە سۆرۈن تەلەت، رەھىمسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن، مەن «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ئۇنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇنى شۇنداق ئەسەبىي، ئادەمگەرچىلىكى يوق قىلىپ قويغانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن دائىم ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ يىغلاپ، تالاي قېتىم ئەسەبىي ئىدىيەنى تەرغىب قىلغان ئاشۇ يامان نىيەتلىك كىشىلەرگە لەنەت ئوقۇدۇم، ئۇلار ئوغلۇمنىڭ ئەسەبىيلىك پاتقىقىغا بارغانسېرى پېتىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. بەختكە يارىشا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئوغلۇمنى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا خاتالىقىنى تونۇپ ئۆزگەرتىش، قايتا يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشىش پۇرسىتى بەردى، بولمىسا ئۇ چوقۇم ئەسەبىزم ۋە تېررورىزمنىڭ قولچوماقچىسى ۋە قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىپ، باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ خەۋپ يەتكۈزەتتى!

رۇستەم تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بارغاندىن كېيىن، مەن خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدىم. ئۇ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تۇرغاندا قىلغان ھەربىر ئىش، ئۇنىڭدىكى ھەربىر ئۆزگىرىش، ئۇنىڭ ھەربىر ئىلگىرىلەشلىرى مېنى تەسىرلەندۈردى، شادلاندۇردى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، 2018 - يىلى قىشتا، ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن پەلەمپەيدىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ئىككى ئوقۇتقۇچى بۇنى كۆرۈپ دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ ھەم تېزلىكتە داۋالاش ئۆيىگە خەۋەر قىپتۇ، ھېلىمۇ ياخشى ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالى بەك ئېغىر ئەمەس ئىكەن، ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ ھالىدىن ئەتراپلىق خەۋەر ئاپتۇ. ئەتىسى دۆڭجى بولغاچقا، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى رەھبەرلەر ئەتىگەندىلا رۇستەمگە جىياۋزى تۈگۈپ پىشۇرۇپ ئەكەپتۇ، ئوغلۇم بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىپتۇ! ئوغلۇم ھەر ھەپتىدە ئۆيگە قايتقاندا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بېشىمنى، پۇتۇمنى يۇيۇپ قويىدىغان، ماڭا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدىغان بولدى، تولىمۇ كۆيۈمچان بولۇپ كەتتى.

كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسى ئارقىلىق، ئوغلۇمنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىق سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆسۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قانۇن ئېڭىمۇ كۈچىيىپتۇ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى تۈگەپتۇ، نېمىنىڭ قانۇنلۇق، نېمىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇ يەنە نۇرغۇن ئەمەلىي ماھارەتنى پىششىق ئىگىلەپتۇ، ئىدىيە - ئەخلاقى ۋە ئۆز ساپاسى خېلى زور دەرىجىدە ئۆسۈپتۇ. پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق، گەرچە ئوغلۇم خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىزنى تاشلىۋەتمىدى، بىزنى ئەمىن ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى، تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى قاتارلىقلارنى بەردى. ھازىر رۇستەم تەربىيەنى تاماملاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان خىزمەت تېپىپ، مۇقىم كىرىملىك بولدى، پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەر بەكمۇ خۇش بولدۇق. مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوغلۇم ئۈچۈن قىلغانلىرىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن! پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئوغلۇمغا ئىككىنچى قېتىم ھاياتلىق بەردى! بۇ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم، شۇنداقلا باشقا ئەتراپىمدىكى تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئورتاق قەلب ساداسى.

# مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەلۋىلەرچە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشقا قەتئىي ئالدانمايمىز

(بېشى 6 - بەتتە)

تەربىيەلەش مەركىزىدىكى ئۆگىنىش ئارقىلىق تەربىيەلەنگۈچىلەر تېررورىزم ۋە دىنىي ئەسەبىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە خەۋپىنى ئېنىق تونۇدى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ھازىر بىزنىڭ بۇ يەردە جەمئىيەت مۇقىم، كىشىلەر خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، ھەممە يەردە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدىغان، خۇشال كۈلكە - پاراڭلار ياڭراپ تۇرىدىغان، ئاكتىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى يەنە قايتا پەيدا بولدى، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتى يېڭىلاندى. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ قوشماقلاشقان تۇغقىنى بار بولدى، كۆپچىلىك دائىم باردى - كەلدى قىلىشىدۇ، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دېيىشىدۇ، نۇرغۇن نامرات كەنت ئاھالىسىنىڭ ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقلار قوشماقلاشقان تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمىدە ھەل قىلىندى، يۇرتداشلار تولىمۇ خۇشال. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى ھازىرقى تۇرمۇشنى ياخشى دېيىشىدۇ، مەنمۇ يۇرتۇمدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەردىن پەخىرلىنىمەن ۋە ئىپتىخارلىنىمەن.

ئۈچ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇپ، پۇقرالار خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئۆستى. شىنجاڭ قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە زەربە بەردى، مەنبەدىن تۈزەشكە ئەھمىيەت بەردى، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىسى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. بۇ خىل ئوبيېكتىپ پاكىت ئالدىدا، ئامېرىكا تەرەپ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قوينىدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك سىياسىي سۇيىقەستىنى تولۇق ئاشكارىلىدى، خاراكتېرى ئىنتايىن قەبىھ، نىيىتى ئىنتايىن رەزىل، ۋاستىسى ئىنتايىن پەسكەش. كىشىلەر تەرىپىدىن جەزمەن چۆرۈپ تاشلىنىدۇ، لەنەت ئوقۇلىدۇ.

ھەرقانداق ئادەم بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىش قەدىمىمىزنى توسۇيالمايدۇ، بىز دىنىي ساھەدىكى زاتلار ھۆكۈمەت قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قەتئىي قوللايمىز. ئامېرىكا تەرەپ ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»دىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىۋاتىدۇ، بىز بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايمىز، ھەرگىز ئالدانمايمىز.

# شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى

(بېشى 6 - بەتتە)

ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق - مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى؛ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا ئىناق، مۇقىم بولغان ياخشى ۋەزىيەت يارىتىپ بەردى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى سىجىل كۈچەيدى؛ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇقىدا، شىنجاڭدىكى بارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككىنى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش» يولغا قويۇلۇپ، ئاساسىي شارائىت ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاندى. «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما، سەپەرگە چىققاندا يول ياسىغۇچىنى ئۇنتۇما.» بىز شۇنى چوڭقۇر چۈشەندۇقكى، ياخشى كۈنلەر پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن كەلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىزنى يېتەكلەپ تىنچ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى. «ئۈچ خىل كۈچ» ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، بىز ئۇلارغا قارشى ئاداققىچە قەتئىي كۆرەش قىلىشىمىز كېرەك!

ئۇيغۇرلاردا: «خەلق خاتىرجەملىككە ئىنتىلىدۇ، دۈشمەن مالىمانچىلىققا تەشنا.» دەيدىغان ماقال - تەمسىل بار، جەمئىيەت مۇقىم، خەلق بەختلىك بولۇشلا ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇق، بىز شىنجاڭنى مالىمان قىلىش خام - خىيالىدىكى ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز، ھازىرقى تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، گۈزەل شىنجاڭنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!